تونۇلغان تىل - يېزىق مائارىپچىسى، تۆھپىكار تىلشۇناس —— مۇھەببەت قاسىم خانىم

2005 - يىلىدىن بۇيان ئۆزى تەربىيەلەپ يې...
تىشتۈرگەن بىر قىسىم ماگىستىرلار بىلەن بىللە.

ئاتا - ئانا ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن. (1987 - يىلى)

مەرھۇم يولدىشى، ئاتاقلىق تىلشۇناس خالىق نىياز ئەپەندى بىلەن خېنەندىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئارىلىقىدا. (2000 - يىلى)

((60-1) II

تىل ۋە تەرجىمە

(پەسىللىك ژۇرنال)

2010 - يىللىق 2 - سان

(ئومۇمىي 173 - سان)

1982 - يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىندى

ھەر پەسىلنىڭ ئوتتۇرا ئېيىنىڭ 20 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇزاھىر تاھىر مۇراد، ئابلىمىت مۇھەممەت، ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر، ئالىم خەسەنى، ئامىنە غاپپار، پەرھات مەمتىلى جىلان، توختى باقى ئارتىشى، دىلشات رەھمىتۇللا سۇلتان، زەيدىنجان مامۇت، لىتىپ توختى، مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئىمىن تۇرسۇن

باش مۇھەررىر: **ئابدۇزاھىر تاھىر مۇراد**

مەسئۇل مۇھەررىر: **ھىمىت ئەزىزى**

بۇ سانىنىڭ ئىجرائىي مۇھەررىرى:

مۇيەسسەر ئابدۇرېشىت

مۇھەررىر، قوشۇمچە مەسئۇل كوررېكتورلار:

ئايدىن نەبى

مۇنىرە ئابدۇۋەلى

مۇقاۋىنى پىلانلىغۇچى: **ئا. ت. مۇراد**

ئىشلىگۈچى: **ئۈرۈمچى «كېپىنەك» رەڭلىك باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى**

تىل تەتقىقاتى

ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت - شېۋىلىرى ئەدەبىي تىلىمىزنى بېيىتىشنىڭ مەنبەسى .... ئامىنە غاپپار 5
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى دىيالېكت - شېۋىلىرىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەسى ھەققىدە .... مۇھەببەت قاسىم، ئايگۈل سېلىم 11
چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئا»لىق رەۋىشداشلار توغرىسىدا .... مىرزىگۈل ئۆتكۈر 16
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى باغلىغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ رولى .... ئابدۇمىجىت جېلىل 20
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى رەڭنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا .... ئابدۇكېرىم ئابلىز 25
خوتەن دىيالېكتىدىكى قىسمەن ئالاھىدىلىكلەر ... بارات تۇرسۇنباقى 29
لوپنورلۇقلار ۋە لوپنور دىيالېكتىدىكى بىر قىسىم شېۋە سۆزلىرى .... ئەلى ئەمەت 34
بورتالا شېۋىسىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش .... مەرەمنىسا ئابدۇرېشىت 38

تەرجىمە نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى

كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا .... مېھرىگۈل توختى 41
ئەدەبىي تەرجىمانىنىڭ تەربىيەلىنىشى ۋە ئەدەبىي تەرجىمە .... رۇقىيە غەنىزات 45
خەنزۇ تىلىدىكى قىسقارتىلما سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى توغرىسىدا .... ۋۇ شاۋجيې 49
ئۇيغۇر تىلىدىكى «قارىماق» سۆزىنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئىپادىلىنىشى توغرىسىدا .... غەيۇر ئابدۇقادىر 52
تىلنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرجىمە .... ئۇچقۇن نۇراخۇن 55
نۆۋەتتە ۋىۋىسكا تەرجىمىسىدە ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر توغرىسىدا .... ئامىنە مۇھەممەت نىياز 58
دۇنيا دائىر ماقالە ۋە ھۆججەتلەردە ئۇچرايدىغان بىرنەچچە ئاتالغۇنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا .... قۇربان مۇھەممەت ئۇزۇن 61

بىزنىڭ ئالىم - مۇتەخەسسىسلىرىمىز

تونۇلغان تىل - يېزىق مائارىپچىسى، تۆھپىكار تىلشۇناس — مۇھەببەت قاسىم خانىم .... ئابدۇزاھىر تاھىر مۇراد 62

قوش تىل ئۆگىنىش ۋە قوش تىل مائارىپى

ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇچە ئوقۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا .... ماھىرە مىرزى 69
ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى تاللانما مۇناسىۋەتتىكى قوشما جۈملىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە مەنىلىرى ھەققىدە .... توختىقۇربان روزىمۇھەممەت 74

ژۇرنىلىمىز نەشردىن چىقىپ بىر ئاي ئىچىدە، ژۇرنىلىمىزدىكى ئىملا خاتالىقىنى بايقاپ، بىزگە تۇنجى بولۇپ مەلۇم قىلغۇچىغا، خاتا كەتكەن ھەربىر ھەرپ ئۈچۈن بىر يۈەندىن نەق پۇل مۇكاپات بېرىلىدۇ.

语言与翻译

（维吾尔文）季刊

2010年第2期（总第173期）
1982年创刊　季中月20日出版

本刊用维吾尔、汉、哈萨克、蒙古、柯尔克孜五种文字出版

新疆维吾尔自治区
民族语言文字工作委员会　主管
新疆语言与翻译杂志社　　主办

社长：阿不都扎伊尔·塔伊尔（维吾尔）
副社长：牛小莉（汉族）
杰恩斯（哈萨克）

编辑委员会委员
（按维吾尔文字母顺序排列）
阿不都扎伊尔·塔伊尔·穆拉德
阿不力米提·买买提
阿尔斯兰·阿不都拉·太吾尔
阿里木·哈沙泥
阿米娜·阿帕尔
帕尔哈提·穆罕默德艾力·吉兰
托乎提·巴克·阿尔图什
迪利夏提·热合木吐拉·苏里坦
再丁江·马木提
力提甫·托乎提
米尔苏里唐·奥斯曼诺夫
依敏·吐尔逊

主编：阿不都扎伊尔·塔伊尔·穆拉德

本期责任编辑：伊米提·艾则孜

本期执行编辑：米娅赛尔·阿不都热西提

本期编辑兼责任校对：阿依丁·乃比
穆妮拉·阿不都外力

封面策划：A·T·穆拉德
制做：乌市科恒彩印有限公司

编辑出版：语言与翻译杂志社
地　址：乌鲁木齐新华南路654号
邮政编码：8300049
电　话：（0991）8527942
印　刷：乌鲁木齐市科恒彩印有限公司
发　行：乌鲁木齐市邮局
订　阅：全国各地邮局
邮局代号：58-16　定价：5.00元
国外发行：中国国际图书贸易总公司
（北京399信箱）

国际标准刊号：ISSN 1002-9036
国内统一刊号：CN 65-1016/H
国外发行刊号：Q1114

语言研究

维吾尔语方言土语是丰富维吾尔文学语言的源泉……阿米娜·阿帕尔 (5)
现代维吾尔语方言土语中的辅音同化现象分析……木哈拜提·哈斯木，阿衣姑力·斯力木 (11)
察合台维吾尔语和现代维吾尔语中的 [a] 式副词对比研究……米尔孜古丽·吾体库尔 (16)
浅谈现代维吾尔语连词及其作用……阿不都米吉提·杰力力 (20)
浅谈现代维吾尔语的颜色表达方法……阿布都克力木·阿布力孜 (25)
论和田方言的部分特点……巴拉提·图尔孙巴克 (29)
罗布人与罗布方言中的一些土语词汇……艾力·艾买提 (34)
博尔塔拉维吾尔土语的语音和词汇特点初探……买来木沙·阿不都热西提(38)

翻译理论与实践

多义词及其翻译……美合古丽·托呼提 (41)
文学翻译家的成长与文学翻译……茹克亚·艾尼扎提 (45)
汉语缩略语维译之我见……吴绍杰 (49)
浅谈维吾尔语 qarimaq 一词在汉语中的表达……海尤尔·阿布都卡迪尔 (52)
语言的发展变化与翻译……吾其昆·努拉洪 (55)
当前牌匾翻译中存在的一些问题……阿米娜·买买提尼亚孜 (58)
浅谈部分宗教名词术语的维译……库尔班·买买提·吾祖尼 (61)

知名专家学者

杰出的语文教育者、语言学家 —— 木哈拜提·哈斯木女士……阿不都扎伊尔·塔伊尔·穆拉德 (62)

双语学习与双语教育

论民族学生汉语阅读能力的提高……玛依拉·米尔孜 (69)
浅谈现代汉语中选择性复合句的运用……托合提库尔班·如孜买买提 (74)
浅谈现代汉语“把”字句、“被”字句和“连”字句的运用……托合体古丽·赛买提 (76)

编辑学研究

编辑人员的语言能力及其在编辑工作中的作用……艾尼·塔伊尔 (78)
网络编辑工作中要重视的几个问题……艾则孜·阿不都热依木 (82)

出版物正字方方面面

双语对比读物《胆小鬼》一书中的正字问题……阿布都沙拉木·阿布力孜 (86)

作品与评论

浅谈 gumanizim (人道主义)一词……买买提·艾山·阿布力孜 (89)

“我与《语言与翻译》征文”选登

语言学对我们精神生活的影响……买合木德·再一丁 (91)
我的知识摇篮和灵感源泉……木台力普·司迪克·开罗力 (95)
《语言与翻译》是我的知识摇篮……穆娜瓦尔·吾布力艾山 (95)

简讯

自治区民语委全面安排部署2010年度党建工作……(封三)
自治区民语委对自治区级医院语言文字工作情况进行调研…(封三)
《语言与翻译》(维吾尔文版)荣获第六届“新疆期刊奖”…(封四)

本刊欢迎读者纠错，如情况属实，予以奖励。

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى

شىنجاڭ «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى تەھرىراتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

تەھرىرات باشلىقى:
ئابدۇزاھىر تاھىر مۇراد

مۇئاۋىن باشلىقلىرى:
نيۇ شياۋلى (خەنزۇ)
جېنىسگۈل (قازاق)

(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 654 - قورۇ 830049)
تېلېفون: 8527942 (0991)

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى دۆلەت ئىچىگە تارقىتىدۇ
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 16 ـ 58

جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
(بېيجىڭ 399 - نومۇرلۇق خەت ساندۇقى)
چەت ئەللەرگە تارقىتىش نومۇرى: Q1114

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
ISSN 1002 - 9036

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65 - 1016 / H

باھاسى: 5.00 يۈەن

خەنزۇ تىلىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچى 把، 被، 连 لەر بىلەن تۈزۈلگەن جۈملىلەرنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە ئىشلىتىلىشى .... توختىگۈل سەمەت 76

نەشرىياتچىلىق تەتقىقاتى

مۇھەررىرنىڭ تىل ئىقتىدارىنىڭ تەھرىرلىكتىكى رولى توغرىسىدا .... غېنى تاھىر 78
تور خەۋەرلىرى تەھرىرلىكىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىرنەچچە مەسىلە .... ئېزىز ئابدۇرېھىم 82

ئىملا كۆزەتچىسى

سېلىشتۇرما ئوقۇشلۇق «قورقۇنچاق»نىڭ ئىملاسى توغرىسىدا .... ئابدۇسالام ئابلىز 86

ئەسەر ۋە مۇلاھىزە

«گۇمانىزم» توغرىسىدا ئىككى كەلىمە ..... مۇھەممەد ھەسەن ئابلىز 89

«مەن ۋە ‹تىل ۋە تەرجىمە› ژۇرنىلى» تېمىسىدا قوبۇل قىلىنغان ئەسەرلەردىن تاللانمىلار

تىلشۇناسلىقنىڭ مەنىۋى ھاياتىمىزدىكى تەسىرى...مەھمۇد زەيدى 91
بۆشۈكۈم ۋە ئىلھامچىم .... مۇتەللىپ سىدىق قاھىرى 95
«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى — مېنىڭ بىلىم شوتام .... مۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن 95

قىسقا خەۋەرلەر

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ 2010 - يىللىق پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى .... (مۇقاۋىنىڭ 3 ـ بېتىدە)
ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى .... (مۇقاۋىنىڭ 3 ـ بېتىدە)
ئۇيغۇرچە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 6 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى .... (مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە)

ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە:

1. ژۇرنىلىمىز ماقالە كۆرۈشتە ئاپتورلارنىڭ ئىسمىنى مەخپىي تۇتۇش ئاساسىدا، مۇتەخەسسىسلەر كۆرۈپ بېكىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. شۇڭا، 1 ـ بەتكە ئاپتورنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، تەپسىلىي ئادرېسى، ماقالە ماۋزۇسى ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا ئېنىق يېزىلىشى ھەم ئاپتورنىڭ ئالاقىلىشىش تېلېفونى، پوچتا نومۇرى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار مۇشۇ بەتكە ئېنىق بېرىلىشى كېرەك. 2 ـ بەتتىن باشلاپ ئاپتورغا دائىر ھېچقانداق ئۇچۇر كۆرۈلمەسلىكى، ماقالە ماۋزۇسى، قىسقىچە مەزمۇنى، ئاچقۇچلۇق سۆزلەر، ماقالە تېكىستى، ئىزاھ (تېكىست ئىچىگە بېرىلىدۇ) ۋە پايدىلانمىلار تولۇق يېزىلىشى، ئۇلارنىڭ يېزىلىش تەرتىپى ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۆلچىمى بويىچە بولۇشى كېرەك (ئۆلگىسىنى ژۇرنىلىمىزدىكى ماقالىلەردىن كۆرۈڭ).

2. ئەۋەتىلگەن ئورىگىناللار كومپيۇتېردا بېسىپ چىقىرىلغان بولۇشى ھەم ماقالىنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىسى تور ئادرېسىمىز (til1982@sina.cn ياكى til1982@yahoo.com.cn)غا يوللىنىشى كېرەك (ئورىگىنالنىڭ قۇرى كەڭ بولۇشى، يەنى بىر بەتتە 20 قۇردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئارقا بېتى ئاق قالدۇرۇلۇشى كېرەك).

3. ئورىگىنالنىڭ ئىملاسى توغرا بولۇشى، تەرجىمە قىلىنغان كىشى ئىسىملىرى، يەر - جاي ناملىرى ۋە ئۇيغۇرچىسى قېلىپلاشتۇرۇلمىغان ئاتالغۇلارنىڭ مەنبە تىلدىكى يېزىلىشى يانغا بېرىلىشى كېرەك (بىزدە ئومۇملاشقانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا).

4. تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كەلگەن ئورىگىناللار قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا، ئاپتورلار ماقالە نۇسخىسىنى ساقلاپ قويۇشى كېرەك.

5. بىر ئورىگىنالنى بىرقانچە ئورۇنغا ئەۋەتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر بىزگە ئەۋەتكەن ئورىگىنالنى باشقا ئورۇنغا ئەۋەتمەكچى بولسا، تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن ئالاقىلىشىپ ئاندىن ئەۋەتسە بولىدۇ، بولمىسا ئاقىۋەتىگە ئاپتورلار ئۆزى ئىگە بولىدۇ.

يۇقىرىقى تەلەپلەرگە ئۇيغۇن بولمىغان ماقالىلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ، بارلىق ئاپتورلارنىڭ ھەمكارلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز!

دىن قوشاقلىرىغىچە بولغان ئەسەرلىرىدە ئىشلەتكەن سۆزلىرى ۋە ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئۇيغۇر تىلىغا يېڭىچە تۈس ۋە ھۆسن ئاتا قىلغان، دېيىشكە بولىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 20 - ۋە 30 - يىللىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە «يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەكتەپ - مائارىپ، ئوقۇش - ئوقۇتۇش، ئۆزلۈكسىز ئۈمىد، پەنگە يۈرۈش قىلىش، بىلىم - تېخنىكا، ئۆمىد يۇلتۇزى، كۆڭۈل خەزىنىسى، ھەقىقەت يولىدا كۈرەش قىلىش، ئىقبال ھەققىدە ئويلاش، ئەلنى ئويغىتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقى» دېگەندەك سۆزلەر كىشىلەرگە مائارىپنىڭ رولىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە قوللىنىلغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يەنە باشقا مىللەتلەر تىلىدىن ئۆگىنىشنى مىللىي مەدەنىيەتنى بېيىتىشنىڭ بىر مۇھىم ئۇسۇلى، دەپ تونۇغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ خەنزۇچە، رۇسچە، ئەرەبچە، موڭغۇلچە تىل - يېزىقلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن. «ئالىم، ئىنژېنېر، مۇنەججىم، ئېلېكتر، ئاپتوموبىل، پاراخوت، پويىز، سۇن جۇڭشەن، لېنىن، شۇرالار ئىتتىپاقى، سەنمىنجۇيى، كىشىلىك ھوقۇقى، دۆلەتنى قۇتقۇزۇش...» قاتارلىق سۆز - ئىبارىلەرنى ئۆز ئەسەرلىرىدە قوللىنىپ، يېڭى چۈشەنچىلەرنى تەرغىب قىلغان («يازغۇچىنىڭ تىلىغا مۇناسىۋىتى». «تىل ۋە تەرجىمە»، 1988 ـ 9).

«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىدا يەنە تېيىپجان ئېلىيوف ۋە نىمشېھىت ئارمىيە قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئىلمىي مۇلاھىزىلەر، شۇنىڭدەك شېئىرىي نۇتۇق، نۇتۇق مەدەنىيىتى ۋە شېئىر تەرجىمىسى توغرۇلۇقمۇ قىسمەن مۇلاھىزىلەر بېرىلدى. بۇ ماقالىلەردىن مىللىي مەدەنىيەت ساھەسىدە شېئىرىيەتنىڭ كارۋان بېشى بولۇپ كەلگەنلىكىنى، مىللىي تىلنىڭ نەپىس ۋە گۈزەللىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك كوماراجىۋا ھەم سىڭقۇسەلى، فارابى قاتارلىقلار ئىلگىرى شېئىر بىلەن كۆپ مەشغۇل بولغان. شېئىر ۋە شېئىرىي تىل (نۇتۇق) مىللىي ئەدەبىي تىلنىڭ نەپىس ۋە گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىدە كۆپ شېئىر يازغان، بۇ ئېنىق. لېكىن، ئۇنىڭ بىرگىنە داستانى ـــ «قۇتادغۇبىلىك»لا دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئانا تىلنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە، تىل گۈزەللىكى ھەققىدە كۆپ توختالغان.

دەۋرىمىزدە ئۇيغۇر تىلى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئازادلىقتىن كېيىنلا گۈللىنىپ، يېڭى دەۋردىكى بىر مۇستەقىل مىللىي ئەدەبىي تىل دەرىجىسىگە يەتتى. «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى تىلىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك بۇرچىنى ئادا قىلىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلىدا جاھان كىلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئىلمىي ۋە ئەسلىگە سادىق بولۇش ئاساسىدا، چۈشىنىشلىك ۋە ئاممىباب تىلدا كۆپلەپ نەشر قىلىندى. نۇرغۇنلىغان يېڭى ئاتالغۇ ۋە يېڭى چۈشەنچىلەر، يېڭى شەكىللەر قوبۇل قىلىندى. «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى بۇنداق ئەسەرلەرنىمۇ لايىقىدا تونۇشتۇرۇپ، ھەر خىل ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتا ئاكتىپ ئىش كۆرمەكتە. ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا يۈز بېرىۋاتقان ئىملا ۋە ئاتالغۇ مەسىلىلىرىدىكى مۇجمەللىكلەرنى تۈزىتىش ۋە توغرا ئىزغا سېلىشتا يېتەكچى رولىنى جارى قىلىپ كەلمەكتە.

4

بىر مىللىي تىلنىڭ بايلىقى ۋە ئۇنىڭ گۈزەل، نەپىسلىكى نېمىدە ئىپادىلىنىدۇ؟

مەلۇمكى، بىر تىلنىڭ بارلىق سۆزلىرىنى جەملەپ، «لېكسىكا» دەپ ئاتايمىز. دېمەك، تىل بايلىقى لېكسىكىدىدۇر. تىل بايلىقى يەنە ئەدەبىياتتا كۆرۈلىدۇ. مىللىيلىقى بولسا تىلنىڭ خاسلىقى ـــ گىراماتىكا دائىرىسىدە، كەڭرەك توختالساق، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھالنى فولكلوردا كۆرىمىز. تىلنىڭ تەسىرلىكلىكى، گۈزەللىكى ۋە جەلپكارلىقى بولسا، ناخشىلاردا، بېيىت، قوشاق، ماقال، تەمسىل، لەتىپە، قەھرىمانلىق داستانلىرىدا نامايان بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسى مانا شۇ كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئۆزىنىڭ باي ۋە نەپىس تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. مانا بۇ بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدۇر.

بىز بىرەر ھېكايىنى ياكى دوكلاتنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ تىلى ياخشى ئىكەن، جەلپكار ئىكەن، دەپ ھېس قىلساقمۇ، ئادەتتە خۇددى بىز نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋا، ئىچىۋاتقان سۇيىمىز ھەققىدە كۆپ گەپ قىلمىغاندەك، بۇ ھەقتە گەپ - سۆز قىلمايمىز. ھالبۇكى، بىر ئەسەر ياكى نۇتۇقنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تىلىنىڭ توغرا، مەنتىقە ئۇيغۇن بولۇش - بولماسلىقىدا گەۋدىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، پىكرىنىڭ قايىل قىلارلىقلىقى ئۇنىڭ يېڭىلىقلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. كۆپ چاينالغان نەرسىنىڭ تەمى بولمايدۇ. بۇ مەنىدە تىل ھەمىشە يېڭى چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەشكە تەقەززادۇر. چۈنكى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات تىل تەرەققىياتىنىڭ ئا-

ساسى. تۇرمۇشتا ھەر كۈنى يېڭى ئىش، يېڭى شەيئىلەر بارلىققا كېلىپ تۇرىدۇ. تىل يەنە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى يۈكسەلدۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. تىل بارلىق ئۇستقۇرۇلمىلارنى بىۋاستە ئىپادىلەپلا قالماستىن، ئىقتىسادىي بازىسقىمۇ تەسىر قىلىدۇ. جىمىكى ئىشلار، كەسپلەر تىل - يېزىقتىن خالىي بولالمايدۇ. شۇڭا، تىل - يېزىقنىڭ رولىنى سەل چاغلاش گۆدەكلىكتۇر.

بۇلار مېنىڭ «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىدىن ئالغان تەسىراتىمنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا بۇ مەزمۇن ۋە مۇھاكىمىلەر ھازىرقى تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئەھۋاللاردىن ئىبارەت. ئەسلىي تەسىراتلىرىمنى يەنىمۇ تەپسىلىي يېزىش ئۈمىدىم بولسىمۇ، ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن ھازىرچە شۇنچىلىكلا توختالدىم. كېيىنرەك تەپسىلىي يازماقچىمەن.

ئەڭ ئاخىرىدا «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى چىقىرىلىپ، خەلقىمىزنىڭ تىل ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئاۋانگارتلىق رولىنى داۋاملىق ياخشى جارى قىلدۇرۇشىنى تىلەيمەن!

بۆشۈكۈم ۋە ئىلھامچىم

مۇتەللىپ سىدىق قاھىرى

(«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، قەشقەر 844006)

ئۇيغۇرچە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى ـــ ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى ۋە تەرجىمشۇناسلىقىنىڭ مۇنبەت زېمىنى، ئۇيغۇر تىلشۇناسلار، تىل ئۇستازلىرى ۋە ھەۋەسكارلىرىنىڭ، شۇنىڭدەك تەرجىمشۇناسلارنىڭ سۆيۈملۈك مەكتىپى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىل ساھەسىنى جۇلالاندۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرۇۋاتقان يېشىل ياقۇت، ژۇرناللار ئەنجۇمەنىنىڭ تۆرىدە ئولتۇرۇشقا مۇناسىپ ھۆرمەت ئىگىسى. مەن بولسام، ئاشۇ مۇنبەت زېمىندا كۆكلىگۈچى، ئاشۇ سۆيۈملۈك مەكتەپتە تەلىم ئالغۇچى، ئاشۇ يېشىل ياقۇت ئىشتىياقىدا كۆيگۈچى، ئاشۇ ئەنجۇمەندىن زوق ئېلىپ كېلىۋاتقان قىزغىن ئىشتىراكچىدۇرمەن. مەن ئانا تىلىمنى قانداق سۆيسەم ئاشۇ ھۆرمەت ئىگىسىنى شۇنداق ئەزىزلەيمەن. ئۇ مەنىۋى جەھەتتە ئۇسسىغان چاغلىرىمدا زەمزەم كەبى تەشنالىقىمنى قاندۇردى، مەنزىلگە يېتىش يولىدا چارچىغان ۋاقىتلىرىمدا ماڭا دىلكەشلىك قىلىپ روھىمنى ئۇرغۇتتى. ھەرگىز ئېسىمدىن چىقارمايمەنكى، مەن تۇنجى ئىلمىي ماقالەم ـــ «قەدىمكى ئېپتالىتلار قوۋمى ۋە ئۇلار قوللىنىۋاتقان تىل توغرىسىدا»نى 25 يىل بۇرۇن مۇشۇ ئىلىم مۇنبىرىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا جاكارلىغان، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ خېلى بىر قىسىم ماقالىلىرىمنى مۇشۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلغان. دېمەك، ژۇرنال ئۇيغۇر تىلى گۈلزارلىقىنىڭ خالىس پەرۋىشكارى، ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى خەزىنىسىنىڭ سەممىي قوغدىغۇچىسى سۈپىتىدە يېڭى ئاپتورلار، يېڭى تېمىلارنى قوللاپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، تىل ۋە تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ كۆپ خىللىشىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىنى، ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ كېڭىيىشى ۋە يۈكسىلىشىنى پائال ئىلگىرى سۈردى. ژۇرنال يەنە ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە سەھىپىلىرىدىن پايدىلىنىپ، تىل ۋە تەرجىمە ساھەسىدىكى ئاتاقلىق مۇتەخەسسىسلەر، تىلشۇناسلار، تەرجىمانلارنى تونۇشتۇرۇپ، ياشلارغا ئۈلگە تىكلەپ بەردى. (جۈملىدىن مېنىمۇ 2009 - يىللىق 2 - سانىدا ئۆز ئوقۇرمەنلىرىگە ـــ پۈتۈن شىنجاڭغا، مەملىكەتكە، دۇنياغا تونۇتۇپ، ماڭا ئالەمچە شان - شۆھرەت ئاتا قىلدى. بۇ ھايات سەپىرىمنىڭ 60 - يىلىغا قەدەم بېسىش ئالدىدا ژۇرنالنىڭ ماڭا تەقدىم قىلغان ئېسىل سوۋغىسى.)

مەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى مېنى ئىلىم بىلەن تەۋرىتىپ چوڭ قىلغان ئەڭ ئىللىق مەرىپەت بۆشۈكۈم، مېنىڭ ئىلمىي ماقالە يېزىقچىلىقىدىكى تۇنجى ئۇستازىم بولۇپلا قالماي، بەلكى ماڭا ھازىرغىچە توختىماي مەدەت بېرىۋاتقان ئەڭ يېقىن ئىلھامچىم ۋە ئادىل قوللىغۇچىم! مەن بۇ ژۇرنالنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ئىناۋەت تېپىشىغا، تېخىمۇ كۆپ ئاپتور، مۇشتەرىلەرنىڭ دانا مەسلىھەتچىسى، تەلەپچان ئۇستازى، قەدىناس دوستى بولۇشىغا، خەلقىمىزگە تېخىمۇ كۆپ تىل بايلىقى، ئەقىل - پاراسەت، جاسارەت بەخش ئېتىشكە تىلەكداشمەن!

«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى ـــ مېنىڭ بىلىم شوتام

مۇنەۋۋەر ئۇبۇلھەسەن

(خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل فاكولتېتى، خوتەن 848000)

1998 - يىلى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلى-